ئابدۇرېھىم ئوسمان

ئۇيغۇر باھارى
Uyghur Bahari

دوختۇر ئابدۇرېھىم ئوسمان

# زۇلمەتلىك ھايات

ئۇيغۇر باھارى
Uyghur Bahari

ILETISIM
**Dr. Abdurrahim Can**
Cumhuriyet Mah. 1997 Sk. Park Konutlari B-Blok / Daire – 9
Beylikduzu / ISTANBUL
asiamimarlik@gmail.com – asiamimarlik@ymail.com

BASKI Sena Ofset. SeRTIFIKA NO. 12064
Litros Yolu 2. Matbaacilar Sitesi B Blok 6. Kat No. 4NB 7-9-11
Topkapi 34010 Istanbul Tel: 212.613 38 46

ئاپتورى: ئابدۇرېھىم ئوسمان

تۈزىتىپ تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرېھىم ئوسمان

مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرغۇنجان ئابدۇلئەھەد

مۇقاۋا، بەتچىك، تەھرىر: نۇرلان

2017 ـ يىلى 5 ـ ئاي

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: تۇرغۇنجان ئابدۇلئەھەد

**www.uyghurbahari.org**

**Email: info@uyghurbahari.org**

ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى



دوختۇر ئابدۇرېھمجاننىڭ ئانىسى ھەلىمخان



دوختۇر ئابدۇرېھمجاننىڭ
دادىسى ئوسمان قاراخۇنۇم



شائىر ئابدۇرېھم ئوسمان



دوختۇر ئابدۇرېھمجان
قەشقەر ھېيتكاھ ئالدىدا



دوختۇر ئابدۇرېھمجان تاغىسى نو قارىم ۋە
ئاكىسى نۇرمەمەت ھاجىملار بىلەن بىرگە



دوختۇر ئابدۇرېھمجان غۇلجىدىكى
قەھرىمانلار مۇزېيخانىسىدا




دوختۇر ئابدۇرېھمجان ئەخمەتجان
قاسىمى قەبرىسى ئالدىدا



دوختۇر ئابدۇرېھىمجان ئاكىسى نۇرمەمەت ھاجىم ۋە دانىك ئابباسوپ بىللە



سىدىقھاجى روزى ئىستانبۇل ساھىلىدا



دوختۇر ئابدۇرېھىمجان سىدىقھاجى روزى بىلەن ئىستانبۇلدا

2016 - يىلى 8 - ئاي



دوختۇر ئابدۇرېھمجان سدىقھاجى روزى ۋە
خلت ئەپەندىلەر بىلەن ئىستانبۇل ساياھىتىدە



دوختۇر ئابدۇرېھمجان مەتە بەي،
خلت بەي، سدىقھاجى روزى ۋە
ئىبراھىم كەشپۇللاھ بەيلەر بىلەن



دوختۇر ئابدۇرېھمجان سىيت تۇمتۇرك  قاتارلىقلار بىلەن
پائالىيەتتە    2002 ـ يىل




دوختۇر ئابدۇرېھىمجان يالۋا شەھىرىدىكى يالۋا تېرمىنالىدا دوختۇرلۇق
قىلىۋاتقاندا شەھەر ھۆكۈمەت ئەزالىرى بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەت




دوختۇر ئابدۇرېھىمجان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى

4 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىدا     2012.05.14




**دوختۇر ئابدۇرېھمجان ياپونىيە پايتەختى توكيودىكى ختاي كونسۇلى ئالدىدىكى نامايىشتا 2012.05.14 توكيو**



**دوختۇر ئابدۇرېھمجان  ياپونىيە پايتەختى توكيودىكى بىرلەشمە نامايىشتا**



دوختۇر ئابدۇرېھىمجان قۇرۇلتاي
ۋەكىللىرى بىلەن بىرگە پارىژدا
2016.07.14



دوختۇر ئابدۇرېھىمجان دۇنيا
ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى
رابىيە خانىم بىلەن بىللە
پارىژدا 2016.07.14



دوختۇر ئابدۇرېھىمجان 5-
نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر
قۇرۇلتىيىنىڭ مۇزاكىرە يىغىنىدا

2016.7.13 پارىژ



دوختۇر ئابدۇرېھىمجان 5-
نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىرى
تۈركىيە ۋەكىللىرى بىلەن بىرگە
فىرانسىيە پايتەختى پارىژدا

2016.07.14



دوختۇر ئابدۇرېھىمجان سىيت تۆمتۆرك بىلەن بىلگىيە ساياھىتىدە 2016 ـ يىلى 7 ـ ئاي



دوختۇر ئابدۇرېھىمجان 5 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان تۆرك تەشكىلاتلىرى ۋەكىللىرى بىلەن بىرگە

پارىژ 2016 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 كۆنى



دوختۇر ئابدۇرېھىمجان 5 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن بىللە 2016 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۆنى



دوختۇر ئابدۇرېھىمجان 5 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن دۇئا قىلماقتا 2016 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۆنى




دوختۇر ئابدۇرېھىمجان تۈركىيە
يۈك باشقىنى ۋە تۈرك ئوچاقلىرى
باشقانلىرى بىلەن بىرگە



دوختۇر ئابدۇرېھىمجان قەشقەر
ئوپالدىكى مەھمۇد قەشقەرى
مەقبەرىسى ئالدىدا



دوختۇر ئابدۇرېھىمجان ئۇيغۇر مىللىي
ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى ئەخمەتجان
قاسىمىنىڭ قىزى ئادالەت قاسىمى
بىلەن بىرگە



دوختۇر ئابدۇرېھىمجان ئەركىن ئاسىيا
رادىئوسىنىڭ مۇخبىرى ھاجى قۇتلۇق
قادىرى بىلەن بىللە 2016-يىلى 7-
ئاينىڭ 13-كۈنى پارىژ

# شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەرىتىسى









تارىختا قۇرۇلغان تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ ئىمپىراتورلۇق دەۋرى




1933 ـ يىلدىكى شەرقىي تۈركىستان
ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت
گىربى



1933 ـ يىلدىكى شەرقىي
تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ
دۆلەت بايرىقى

# مۇندەرىجە


دوختۇر ئابدۇرەھىمجان ۋە ئائىلىسىنىڭ تەرجىمىھالى ........ 1

ئاپتوردىن ................................ 4

ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايە ........ 7

ئانام دادامنىڭ ۋەسىيتى ........ 12

ئانا ئاۋازى ........ 15

ئاسارەت نومۇس ........ 16

قېرىلارنى ئۇنۇتماڭ ........ 17

قۇللۇق كىشەن ........ 18

تەقدىر رەھماندۇر ........ 19

تاپايلى ئارتۇق ئۇيغۇرۇم بىر يول ........ 20

ئىزىپ كەتتى باشتىن ئاياغى ........ 23

خائىنلارغا ۋاي ........ 24

كىپەن ھازىر ........ 26

چىقىپ كەتتى يولدىن ........ 27

ئۇيغۇر سالادا ........ 28

شەيتاندىنمۇ رەزىل ........................ 29

داۋا ئىشغا زاكات ........................ 30

كاۋاپ بولدۇم ۋەتەن ئىشقىدا ........................ 31

ئال رەئىس ........................ 32

خىتاي ئالدى جان بىلەن ........................ 33

ساڭا يوق ئامال ........................ 34

5ـ3 كۈنگە قاراپ ........................ 36

ئۇيغۇرۇمنى ۋەيران قىلغان نەرسە بار ........................ 37

ئىشەنمىگىن پۇلۇڭغا ........................ 38

يوق شاپائەتكە لايىق ئۆزۈم ........................ 39

گۈلشىنى ........................ 44

مەن ئۈچۈن نۇمۇس ........................ 45

غازى ئانام ئەقىللىق ........................ 46

نۇر كالام ........................ 49

خىتاينىڭ نىمە ئىشى بار؟ ........................ 50

ئاسارەتمۇ راھەت ........................ 51

بىر ئايالنى كۆردۈم ........................... 52
غەپلەت چاتاق ........................... 53
باھار شاملى ........................................ 54
دۆلەت باغچىلى تۈرك دۇنياسى ........... 59
ئىھتىياجىم قالمىدى ........................... 60
ئاڭلا خىتاي .................................. 61
كىم قەھرىمان .................................. 62
قورقۇنچاقلىق ................................ 63
قاراپ تويماي ............................. 64
نىمە ئىشىڭ بار سۈرىيەدە.................. 65
راھەت جاپاسىز بولماس ......................... 66
قان بىلەن تەرەت ........................... 67
نالىزار كۆپتۇر ............................. 69
دوستلارغا تەۋسىيە ........................... 70
ئەگەر بىلىم بولسا ........................... 71
تاقالدى ئىشىك ............................... 73

بەدەل ........................... 74
(ناخشا) پوچىلار ........................... 75
(غەزەل) ئەي ۋەتەن ........................... 76
دادام سورايدۇ ........................... 77
ھەجەپ كۆپ ........................... 78
ئەي زالىم خىتاي ........................... 79
ئۇيغۇر ئاۋازى ........................... 80
ئىدى مەرھۇمنىڭ غايىسى ........................... 81
(غەزەل) نېمە ئەلا ........................... 82
شەرقى تۈركىستان قۇرايلى ........................... 83
دوستلىرىم بار ........................... 84
قۇرۇق بىر ئۆتۈن ........................... 85
نىشانىم ........................... 86
ئۈممەت ........................... 87
توغرا قەلەم ........................... 88
ھۇشسىز غەپلەتتە ........................... 89

خالت ئەپەندى ........................ 90

رەئىس كىم تەرەپتە ........................ 91

(غەزەل) رەئىس كۆزۈم يوق ........................ 93

هەقنى دەي رەئىسكە ........................ 94

ئەي زالىم غۇربەت ........................ 95

ئانامغا ۋەتەن دەيدۇ ........................ 96

هۆرمەت ئانا ........................ 97

ئانىغا دۇئا ........................ 98

ئەقدە ........................ 99

ئانام تولغاق ........................ 100

پولات قانداق تاۋلانغان ........................ 101

ۋەتەن قان ئىچىدە ........................ 102

قادايمىز بايراق ........................ 103

خىسلەتلىك لىدىر ........................ 104

راك ........................ 105

بۈيۈك تۈركىيەم ........................ 106

| | |
|---|---|
| دوختۇر | 107 |
| دوختۇرغا تەسەللى | 109 |
| دوختۇر ئابدۇرەھىمجان | 110 |
| ھەرە ۋە يا چىۋىن | 111 |
| ئابىھايات | 112 |
| خائىن دىگەن شەيتان | 113 |
| بىلىنەر | 114 |
| كۆرەش قىلىش | 115 |
| ئابدۇقادىر ياپچان | 116 |
| مۇراجىئەت | 117 |
| قاقمەن ئۈمۈد بىلەن ئىشىكنى | 118 |
| نىمىشقا غىڭشىيسىز | 119 |
| دەردىم بار | 120 |
| زالىم خىتايدىن ھىساب ئالىمەن | 122 |
| تۈركىيەم | 123 |
| ئوسمان بەي | 124 |

ئادۋوكات شەۋكى بەيگە ........................ 126
ئۇيغۇردا جامائەت ۋە مەزھەپچىلىك ........... 127
نوموستۇر تارىخ بىلمەسلىك ........ 128
دىندار كىشى .......................... 129
تايىپ ئاكا دەردىم بار ......... 130
جۇمھۇرىم ......................... 131
جۇمھۇرىمغا مەكتۇپ ......... 135
ئۆلۈم ۋە ستراتىگىيە ......... 139
ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ شېئىرى ......... 140
خائىنلار ......... 141
باش باقان (مىنىستىر) داۋۇت ئوغلى ......... 142
بۇ دۇنيادا ئادەم كەبى غورۇر بىلەن ياشا ......... 144
چىقار بويۇنتۇرۇقسىز ياشا ......... 145
بىزنى كۆرگەن ئويىندى ......... 146
پۇرسەت يېقىندا ......... 148
شىھىت بولدى ......... 149

كەلدۇق .............................. 150
رەھمەت .............................. 152
گەر چىقسا زۇۋان ۋەتەندىن ........................ 153
ئىلتىجايىم بار ............................ 155
مەرھۇم ئابلىكىم مەخسۇمغا مەرسىيە ......... 156
قۇرئان ھەقىقەتلىرى دېگەن نېمە؟ ......... 158
دىن دېگەن نېمە؟ ......................... 159
ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان كىشى ......... 160
ئىمان دېگەن نېمە؟ ......................... 161
ئاخىرەتكە قىيامەتكە ئىمان ئېيتىش دېگەن نېمە؟.........162
تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش دېگەن نېمە؟ ......... 163
پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟ ............ 164
بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزچۇ؟ ...................... 165
يېرىم ئەسىر پىنھان تۇتۇلغان مەخپىي كېلىشىم ......... 167
قورقاق ئۇيغۇرۇم .............................175
يەتكۈسى تۇمەننىڭ چەۋرەم ...................... 176

# دوختۇر ئابدۇرەھمجان ۋە ئائىلىسىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

دوختۇر ئابدۇرېھمجان 1955-يىلى قەشقەر قىزىلسۇ تاغاچى دېگەن يەردە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1974-يىلى قەشقەر تىببي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيە ئېلىكتىر ئېنېرگىيە ئىدارىسىدا دوختۇر بولۇپ ئىشلىگەن. 1980-يىلدىن 1986-يىلغىچە قەشقەر ياۋاغ كوچا باشقارمىسىدا ئۆز ئالدىغا دوختۇرخانا ئېچىپ كېسەل داۋالىغان ۋە دىنىي ئوقۇشلاردا قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرىدىن تۇرسۇن ئىمام ئاخۇنۇم، سەلەي داموللام، يۈسۈپ قاراخۇنۇم، مەمتىمىن ئاخۇن خەلپىتىم، ئابلىمىت داموللام، ئابدۇكېرىم قاراخۇنۇم قاتارلىق دىنىي زاتلاردىن ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1986-يىلى قەشقەردىن تۈركىيەگە مۇھاجىر بولۇپ يەرلەشكەن. 5 پەرزەنتى بار بولۇپ، ئىستانبۇلدا ئۆز ئالدىغا دوختۇرخانا ئېچىپ، كېسەل داۋالاش بىلەن بىرگە دىنىي تەلىم-تەربىيە بىلەن شوغۇللىنىپ كەلمەكتە.

دادىسى ئوسمان قاراخۇنۇمنىڭ چوڭ دادىسى ئابدۇللا داموللام قەشقەر ئوپال يېزىسىدا دىندار مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئوپال مەھمۇدىيە مەدرىسىدە ئوقۇپ كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ قوقاندا شەيخۇل ئىسلام تەربىيلەپ چىقىرىدىغان قوقان خان مەدرىسگە ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن بارغان. قوقاندا توي قىلىپ 2 ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغان. ئىككى ئوغۇل قوقان خان مەدرىسىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن. ئۇ مەزگىلدە ئوسمانلى ئىمپىرىيەسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەربىي

قوماندانى ئەنۋەر پاشا كاپىكاس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا <تۇران دۆۋلىتى> يەنى بۈيۈك تۈركىيە دۆلىتى قۇرىدىغانلىقىنى جاكارلاپ 40 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ روسلارغا تاقابىل تۇرالماي يېڭىلگەن. ئۇ ۋاقىتتا چوڭ دادىسى ھارىپ قاراخۇنۇم ۋە تاغىسى سوپى مەخسۇم قاتارلىقلار بىر بۆلەك ئەسكەرلەر بىلەن قەشقەرگە چېكىنگەن. قەشقەرلىكلەر بۇ ئەسكەرلەرنى كۆرۈپ <ئەنجان ياغلىقى> دەپ ئىسىم قويغان ئىكەن.

قەشقەرگە چېكىنگەن ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى بولغان تاغىسى سوپى مەخسۇم قەشقەر شەھەر ھېيتكاھدىكى ئەنجان رەستى كوچىسىغا يەرلەشكەن ئىكەن.

كېيىن قەشقەردە بەزەن سەۋەبلەردىن يەركەن ئېلىشقۇ خانىدىكى ئايوپ قاراخۇنۇم بىلەن تونۇشۇپ پۈتۈن مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشقان. ئاتاقلىق دىنى زات ۋە تەرىقەت ئالىمى ئايوپ قاراخۇنۇم مەسلىھەتى بىلەن تاغىسى سوپى مەخسۇم ئەسكەرلىرى ۋە تالىپلار بىلەن خوتەنگە بېرىپ، نۇرغۇن پىدائىي ئەسكەرلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىققان.

چوڭ دادىسى ھارىپ قاراخۇنۇم قەشقەر ھېيتكاھ جامەسىگە يەرلىشىپ ھېيتكاھ جامەدە خاتىپلىق قىلغان ۋە قەشقەردە توي قىلىپ 3 پەرزەنتى بولغان. خەتىپلىك قىلغاچ نۇرغۇن قارى ئالىم يېتىشتۈرگەن. دادىسى ئوسمان قاراخۇنۇم قەشقەر جان قورغاندا ئىمام بولغاچ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن ئۆتۈپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

دوختۇر ئابدۇرېھىمجان ئاكا ـ ئۇكا بىر تۇغقان بولۇپ، ئاكىسى نۇرمۇھەممەتجان قارىي ھەم دوختۇر بولۇپ يېتىشىپ چىققان ھەمدە قەشقەر مىللىي شىپاخانا ئامبولاتورىيىسىدە ئىشلىگەن. كېيىن تۈركىيەگە مۇھاجىر بولۇپ كۆچۈپ كېلىپ يەرلەشكەن. ھازىر ئاكا ـ ئۇكا ئىككەيلەن تۈركىيەدە ياشىماقتا.



# ئاپتوردىن

ئۇيغۇر ۋە دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۈگۈنكى ھالىغا قارايدىغان بولساق، ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئەقىدە ۋە ئەسلى ماھىيىتىدىن يىراقلىشىپ، ئوخشاش بولمىغان تۈيۈق يوللارغا ئەگىشىپ كەتتى. شۇنداقلا نۇرلۇق ئىسلام دىنىمىزنىڭ داغدام يولىنى تاشلاپ نەپسى-خاھىشى بويىچە ئەگرى يوللاردا مېڭىشقا باشلىدى.

بىز ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئاسارەتتە قالغان كىشىلەر ئۆز نەپسىنى دەيدىغان بىر بالايى-ئاپەتكە مۇپتىلا بولۇپ، قانداق يول بولۇشىدىن قەتئىينەزەر جان ساقلىسىلا بولىدىغان، ئويۇن تاماشا ئارامگاھ كۆلكە بىلەن ئۆمرى ئۆتسە بەخت دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ دېگەن خاتا كۆزقاراش بىلەن ئېزىپ، دىن-دىيانەتتىن، ئامانەت-ساداقەتتىن، مېھىر-شەپقەت، شەرمى-ھايادىن يىراقلىشىپ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن بىخەۋەر ياشاپ، ئىسلامنىڭ ئېسىل ئەخلاق ئادەتلىرىنى تاشلىدى.

مۇسۇلمان دېگەن نېمە؟ قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى قايسى؟ دېگەنلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمىدى ۋە ماڭمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ يولىدىن چەتنىدى. بۈگۈنكى ھالىمىزدىن ھېچكىم سۈرۈشتىمۇ قىلمىدى. ھەقىقىي دىن ئەھلى ۋە شەرىئەت ئەھكامىغا ئىمكانقەدەر ئېسىلىپ ھەرىكەت قىلغۇچىلارنى، ئۆممەت يولىدا ماڭغۇچىلارنى ھاقارەت قىلىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن

غەربلىكلەر، ئامېرىكىلىقلار ياۋروپالىقلار، رۇسلار، خىتايلار، ئېنگلىزلار، ئىسرائىللار، پۈتۈن كۆچى بىلەن سىيونىس ئىدىئولوگىيىسىنى دۇنياغا يايماق ئۈچۈن كۆرەش قىلماقتا. مۇسۇلمانلار بولسا ھەر يەردە خار زار تەپرىقە پەرىشان ئاسارەت ۋە ۋەتەنسىزلىككە دۇچار بولماقتا.

دېمەك ھازىرقى زاماندا پۈتۈن يەرشارى مۇسۇلمانلار بولۇپمۇ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى قىلىدىغان بىردىنبىر ئىش ئۇيغۇر مىللىتىگە تەئەللۇق بولغان ئۇيغۇرىستاننى خىتاي قولىدىن چوقۇم ئازاد قىلىش كېرەك. چۈنكى بۇ جاھان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن تار كەلدى، ئاللاھ ئايەت كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: (سۈرە رەئد 11 ـ ئايەت) ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزگەرتمەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىشمىزغا ھەر قانداق يامان كۈن كەلگەندە ئۆزىمىزنىڭ يامان خۇي پەيلىمىز ۋە قىلغان ئىشلىرىمىزدىن كەلمەكتىدۇر. ئەگەر جانابى ئاللاھ بىشىمىزدىن بۇ چىن بالا سىنى ئۆزى دەپنە قىلمىسا ئاللاھنىڭ رەھمىتى، نۇسرىتى، ھىدايىتى بىلەن بىزلەر بىر ئارغا كېلىپ بۇ بىشىمىزدىكى مۇسىبەتنى ھەممىمىز بىرلىكتە كۆرەش يولى بىلەن ھەل قىلىشىمىز كېرەك. كۆرۈش بىزدىن زەپەر ئاللاھتىن. ئەزىز دوستلار مۇسۇلمان قېرىنداشلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدە ئويلىنىشۋاتقان بۇ قانلىق ئويۇننى بۇزۇپ تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەخلاقىمىزنى تۈزەتمەي شۇ كېتىشچە كېتىۋەرسەك مەقسەت قىلغان مەنزىلگە يېتەلمەيمىز بەلكى تېخىمۇ چوڭقۇر پالاكەتكە چۈشۈپ قالىمىز.

ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار جانابى ئاللاھنىڭ غەزىپى بىلەن بۆگۈنگە قالدۇق. ئەگەر جانابى ئاللاھ رەھىم شەپقەت قىلىپ رەھمەت قولىنى سوزمىسا مۇسۇلمان دىيارىنىڭ ئەھۋالى قىيىنلىشىدۇ. جۈملىدىن ئۇيغۇرىستان ئازاتلىقىمۇ قىيىنغا توختايدۇ. ئۇيغۇر قېرىنداشلار بىزلەر بۆگۈنكى ھالىمىز بىلەن كېتىۋېرىدىغان بولساق ئۇزۇن ئۆتمەي ئەھۋالىمىز قانداق بولار؟ بۆگۈنكى بۇ ئەندىشە ھەرقايسى تەشكىلاتلاردا ئەندىشە پەيدا قىلماقتا.

ئەزىز ئۇيغۇرىستان مۇسۇلمانلىرى، ئۆز قېرىنداشلىرىمنىڭ بۆگۈنكى ھالىنى كۆرۈپ قاتتىق قايغۇرغىنىم ئۈچۈن مەن بىر ئاجىز بەندە بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆزۈمدىكى يېتەرسىزلىكلەرگە قارىماستىن، نەسىھەت تەرىقىسىدە شېئىرلار بىلەن تارىخي مەسىلىلەرنى، دىنىي مەسىلىلەرنى بىلگىنىمچە يېزىپ نەشىر قىلىشقا جۈرئەت قىلدىم. مەن دوختۇر ئابدۇرېھىمجان ئاللاھنىڭ ئاجىز بىر بەندىسى، يېزىلغان ئىبارىلەردە ھەرقاچان نۇقسان خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي، تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭلارنى ۋە تەنقىدىي پىكىر بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

دوختۇر ئابدۇرېھىمجان

2017 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى



## ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايە
## (ئابدۇراخمان ئەبەي)

ئەخمەتجان قاسىمى مائارىپقا بەك كۆڭۈل بۆلەتتى. مەكتەپلەرگە كۆپ باراتتى. ئۇ مائارىپچىلار بىلەن بىر يەردە بولۇپ قالسا ياكى مائارىپ توغرىسىدىكى يىغىنلاردا سۆز قىلسا مۇنداق بىر ھېكايىنى نەقىل قىلىپ سۆزلەيتتى.

يولداشلار! بۇرۇن ئۇيغۇرىستاننى ياك (ياك زىبك شىن) دېگەن بىر كىشى سورىغان. ئۇ ئۇيغۇرىستاننى 10 نەچچە مىڭ چېرىك بىلەن 17 يىل خاتىرجەم تىنچ سوراپ خېلى نام چىقارغان. بىر قىسىم مۆتىۋەرلەر ھېلىمۇ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. بىر ۋەقە:

خان ياڭنى (يۇئەن شى كەينى دىمەكچى) بىيجىڭغا چاقىرتىپتۇ. ياك ئوردىغا كىرىپ خانغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىپتۇ. خان ئۇنىڭدىن تازا رازى بولماپتۇ.

سەن ۋاقتىدا ھوشۇڭنى تاپ! بولمىسا پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىسەن! دەپتۇ خان غەزەپلەنگەن ھالدا.

بۇ نىمە دىگەنلىرى؟ دەپتۇ ياڭ ھەيران بولۇپ.

خان كەسكىن قىلىپ شۇنداق دەپتۇ:

ئۇيغۇر تۇرك زىمىنى بىزدىن يىراق يەر ھەم مۇرەككەپ يەر، ئەگەر بىرەر توپىلاڭ يۈز بېرىپ قالسا سىنىڭ 10 نەچچە مىڭ چېرىكىڭ نىمە قىلالايدۇ؟ سەن دەرھال چېرىكنى كۆپەيتمىسەڭ بولمايدۇ!

ياڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ: خان ئالىيلىرى مەنچە بولسا مۇشۇ چېرىكلەرنىمۇ تارقىتىۋېتەيمىكىن دەيمەن. ئۇ يەردە ئۇيغۇر خەلقىنى چېرىك بولمىسىمۇ باشقۇرغىلى بولىدۇ.

بۇ نىمە دىگىنىڭ؟ چېرىك دىگەن ھاكىمىيەتنىڭ تۈۋرۈكى تۇرسا! دەپتۇ خان ھەيران بولۇپ، چېرىكى يوق ئەمەلدار ھاكىمىيەت باشقۇرالمايدۇ!

بىزنىڭ ئۇ ئۇيغۇر يېرىدە باشقۇرغىلى بولىدۇ! دەپتۇ ياڭ ئىشەنچ بىلەن.

ئېيتە قىنى قانداق باشقۇرىسەن؟ دەپتۇ خان قىزىققان ھالدا.

مەن خەلقنى ئۆز ئەركىنلىكىگە قويۇۋېتىمەن دەپتۇ ياك.
شۇنىڭ بىلەن بۇ نادان خەلق مەسچىت بىلەن پۇلغا ئۆزىنى ئۇرىدۇ. مەسچىتكە ئۆزىنى ئۇرغانلار ئۇ دۇنيالىقنى ئويلاپ تەركى ـ دۇنيا بولىدۇ. پۇلغا ئۆزىنى ئۇرغانلار توقلۇقتىن شوخلۇق قىلىپ قىمارخانا، زىنھارخانا، قاۋاقخانا چىلىمخانا قۇرۇپ، ئىچىپ ـ چېكىپ جاھان مۇشۇ دەپ ياشاۋېرىدۇ.
خاننىڭ غەزىپىدىن ئاچچىقى كېلىپتۇ: ھەممىنى بېرىۋەرسەڭ بىر كۈنى سېنىڭ تەختىڭنىمۇ تارتىۋالسا قانداق قىلىسەن؟ دەپتۇ.
ئۇ خەلق تارتىۋالالمايدۇ! مەن تېخى ئۇلارنىڭ يېمەي ـ ئىچمەي يىغقان ئالتۇن كۆمۈشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىرلا ھەيۋە بىلەن تارتىۋالالايمەن. دەپتۇ ياك:
مەن ھەممىنى بەرگەن بىلەن بىر نەرسىنى يەنى مائارىپنى بەرمەيمەندە!
مائارىپنى بەرمىگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ دەپ سوراپتۇ خان مەنستىمىگەن ھالدا.
ياك ناھايىتى ھۇزۇرلانغان ھالدا شۇنداق دەپتۇ:
مائارىپى يوق مىللەت كۆمتۈرۈپ قويغان قازاننىڭ ئاستىدىكى قوڭغۇزغا ئوخشايدۇ. چۈنكى نادان خەلقنى باشقۇرماق ئاسان، قويغا ئوخشاش قاياققا ھەيدىسە شۇ ياققا ماڭىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا مائارىپنى بەرمەيمەن. ھەمدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان بىلىملىك كىشىلەرنى نەزەربەنت قىلىۋېتىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئامالىم بار. ئىككى نادانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئازراق بىر مەنسەپنى تاشلاپ قويىمەن. ئۇ مەن ئالىمەن دەيدۇ بۇ مەن

ئالىمەن دەيدۇ ھەرگىز بىر ـ بىرىگە، ئۆتۈنمەيدۇ، دۈشمەنلىشىدۇ. ئاندىن مېنىڭ ئالدىمغا كىرىپ بىر ـ بىرىنى چاقىدۇ. ئۇ كەلسىمۇ توغرا دەيمەن بۇ كەلسىمۇ سېنىڭ توغرا دەيمەن. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى توختىماي ئېلىشىپ مېنى ئۆزلىرىگە شەپقەت ئاتا قىلىدىغان خۇدا قىلىۋالىدۇ. مەن ئۇ خەلقنى، يەنى ئۇيغۇر تۈركلەرنى ئەنە شۇنداق باشقۇرىمەن.

خان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ شۇنداق خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ـ دە، ياڭنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: بۇ ناھايىتى ياخشى چارە ئىكەن. ئۇ ئەخمەق ئۇيغۇرلارنى ئىدارە قىلىشنىڭ ناھايىتى ياخشى چارىسى ئىكەن. سەن ئالتۇندىنمۇ قىممەت بۇ چارە ـ تەدبىرنى دەرھال يېزىپ بەر. باشقىلارمۇ بۇ ياخشى چارىنى ئۆگەنسۇن! دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ياڭ خاننىڭ ئېسىل ئوردىسىدا يېتىپ، "ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر" دېگەن كىتابنى يېزىپ، ئۇيغۇر خەلقنى(ئۇيغۇرىستاننى) قانداق باشقۇرۇشتىكى بىرقانچە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى ھېكايىنى ئېيتىپ شۇ يەرگە كەلگەندە ناھايىتى جىددىيلىشىپ كېتەتتى. ھەم تېخىمۇ جاراڭلىق قىلىپ سۆزلەيتتى.

يولداشلار! ياڭ بىزنى ئەنە شۇنداق سورىغان. ئۇ ھەرقايسى يەرلەرنىڭ دوتەي ئامباللىرىنى پۈتۈنلەي دىنىي زاتلاردىن تەيىنلەيتتى. ئۇ تۆۋەننى كۆزدىن كەچۈرسە ياكى يىغىن ئاچسا، دوتەي ئامباللاردىن: سىزنىڭ ناھىيىدىن نەچچە مەسچىت بار؟

دەپ سورايتتى. مەسچىتنى كۆپ سالغانلارنى مۇكاپاتلايتتى، ئۆستۈرەتتى. مەسچىتنى ئاز سالغانلارنى جازالايتتى، مەنسىپىنى ئېلىپ تاشلايتتى. شۇڭا ياڭنىڭ دەۋرىدە ئۇيغۇرىستاندا مەسچىت شۇنداق تېز كۆپىيىپ 4 مىڭغا يەتكەنىدى. مەسچىتنىڭ سانى مەكتەپنىڭ سانىدىن كۆپ ئىدى. مەسچىتلەرگە ھۆكۈمەتتىن بېرىلىدىغان خىراجەتمۇ كۆپ ئىدى. ھازىرقى بىر قىسىم مۇتەۋەر زاتلارنىڭ ياڭنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشىدىكى سەۋەب ئەنە شۇنىڭدا. بىز ھەرگىز ياڭنى دورىمايلى. خەلقنى، بولۇپمۇ باللارنى مائارىپقا مەكتەپكە باشلايلى. ۋەتەننىڭ قەددىنى كۆتۈرىدىغانمۇ مائارىپ، مىللەتنىڭ قەددىنى كۆتۈرىدىغانمۇ مائارىپ. ياۋروپالىقلار ۋە تۈركىيەدە مائارىپقا بەك كۆڭۈل بېرىدۇ.

شۇڭا مائارىپ ئادەمگە ئۆزىنى ئۆزىگە تونۇتىدىغان ۋاستە دەيدۇ. ئۆزىنى ئۆزى تونۇغان مىللەتتىن ھەر قانداق زور مۇستەملىكچىمۇ قورقىدۇ. دەپ سۆزىنى تاماملىغان.



# ئانام دادامنىڭ ۋەسىيەت دۇئاسى

دادام مىنى مەھكەم قۇچاقلاپ
ئۆزىنى ئاستا قىبلىگە قىلىپ
كۆتۈردى قولىنى ئىگىز قىلىپ
باشلىدى دۇئانى نەسىھەت قىلىپ

ئالدى كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ
تاپشۇردۇم دىدى ئاللاھقا سىنى
يولۇڭ ئوچۇق بولسۇن دەپ
كۆزۈڭ ئارقىدا قالمىسۇن دەپ

ئۇنۇتمىغىن ھەرگىز ئاناڭنى
قىلمىغىن تەرك نامازنى
بەرمە قولۇڭدىن ئىبادەتنى
يۈگۈر ئايلان دۇنيانى

ھودۇقما كۆرگىنىڭدە ھەيران قېلىپ
ئەخلاقى ساپ مەردانىنى تاپ
دىن ـ دىيانەتلىك سەركەرنى تاپ
توغرا يولغا باشلايدىغان لىدەرنى تاپ

پاسلانماس بىلەنگەن خەنجەرنى تاپ
ئازادلىق يولىدا ھارمايدىغان لىدەرنى تاپ

تاشنى تالقان قىل گۆھەرنى تاپ
قورقماس بىلىملىك قوماندانىنى تاپ
يول بېسىپ كەلگەنگە چاڭقاپ
جانغا لەززەت بىرەلەيدىغاننى تاپ
ھەردائىم ئىچىپ ساڭا قويىننى
شەربەت ئىچىرىدىغان كەۋسەرنى تاپ

يىرىم يولدا قويسا سىنى ئىشىك چاتاق
ماڭما ھەرگىز سەن ئۇچۇن تۇزاق
قالارسەن ئاخىرىدا چۆل ـ يالاڭئاياق
ھاياتىڭ خەتەر مەنزىل ئۇزۇن يىراق

پەقەتلا ئۇممەت ئۇچۇنلا
دىن ۋەتەن مىللەت ئۇچۇنلا
ھۆرلۈك مەشئەلنى يېقىش ئۇچۇنلا
ئاللاھ رىزاسى ئۇچۇنلا
كۆرەش جان دوستلارنى تاپ

ۋەزىپەڭ ئېغىر ئوغلۇم ئادا قىلساڭ رازىمەن
ئىجابەت قىلغاي دۇئاسىنى ئىلاھىم
كۈچ قۇۋۋەت بەرسۇن ئىلاھىم ساڭا
دادام كۆز يېشىنى ئېيتىپ سالاپ

ئاللاھقا تاپشۇردۇم ئوغلۇم سىنى
يولۇڭغا قارايمەن ساقلاتمىغايسەن بىزنى
دىدىم مەن ئانام دادامغا ۋەدە بىرىپ
ئورۇنلايمەن ئارزۇ ـ ئارمانىڭنى سۆز بىرىپ
ئاللاھ شاھىتتۇر يانمايمەن بۇ يولنى بىسىپ
ئايرىلدىم ئانام دادام قېشىدىن يولغا چىقىپ

بولمىدى ئازات ۋەتەن قولۇمغا كەلمەي
ئۆلدى ئانام دادام يۈزنى كۆرەلمەي
تۈگمەيدۇ ئۈمۈدۈم ئازات ۋەتەننى كۆرمەي
قويسام مەنمۇ ئۈمۈدۈمنى قەبرىگە

قانداق قارايمەن قىيامەتتە ئانام دادام يۈزىگە
ئانام دادامغا بەرگەن ۋەدىنى ئورۇنلىماي
كەتسەم مەنمۇ قەبرىگە نۇمۇس قىلماي
ئىنشائاللاھ ئازات بولۇر نەۋرە ـ چەۋرىگە قويماي

ياشايلى بىزمۇ ئىنسانىدەك دۇئا قىلىۋەرمەي
كۆرەش قىلايلى قىيامەتكە قەرز قويماي
قاچانغىچە ياشايمىز بويۇن قىسىپ دالدىدا
ئازات قىلساڭ ۋەتەننى بولۇر دۇئايىڭ قوبۇل
ۋەتەن ئازات بولمىسا بولمايدۇ دۇئايىڭ قوبۇل
ۋەتەن ئازات ئەمەس ئۆتمەيدۇ دۇئايىڭ ئاللاھ ئالدىدا

# ئانا ئاۋازى

ئەي قورقاق ئۇيغۇر بالام
قورقاق خىتايىنىڭ تارىخىغا باقماي
قايتقان ئەجدادىڭ ئۇرۇشتىن زەپەر بىلەن
سەندەك ۋەتەننى تاشلاپ قاچماي

ئارتۇق بىرلەش قاچما جان بالام
كەل ۋەتىنىڭ سېنىڭ ئۇيغۇرىستان
ئىگە بول تاشلاپ مېنى قېچىۋەرمەي
غەيرەت جاسارەتلىك بول قورقماي
مىراسىڭدۇر ئانا تۇپراق ئۇيغۇرىستان



# ئاسارەت نومۇس

**ئۆلۈم ياخشى ئاسارەت ئاستىدا ئېزىلگەندىن**
**يەپ ئىچىپ چىملىقتا سوزۇلۇپ ياتقاندىن**
**دۇنيا قوغلىشىپ ئەيش ـ ئىشرەتتىن**
**ئۆزىگىمۇ قىيىن قارۇن كەبى سەرۋەتتىن**
**پۇلۇڭنىڭ ئىگىسى خىتاي ياخشى يولغا ئىشلەتمىگەنلىكتىن**
**باغ سېلىپ مۆۋە قويساڭ چېتلىرى بولمىغانلىقتىن**
**قۇرۇر مۆۋە گۈلزارىڭ ساڭا تەئەللۇق بولمىغانلىقتىن**
**ئالەمنىڭ نەرگە بارساق بارايلى خار ياشايمىز**
**ئەسلى ئانا ۋەتىنىڭ قولۇڭدا بولمىغانلىقتىن**

**2017 ـ 01 ـ 26**



# شەھىتلەر ئۆلمەس

ۋەتەن مۇجاھىدسىز ئازاد بولماس
لىدىرلىك سۆز ئەمەس بولۇمىسىز بولماس
بولۇمىسىز يايىنى تارتار ئوق تەگمەس
ئەگەر ئاتقان بىلەن ھەرگىز قادالماس

قېرىنلاردا گەپ يوغان جىھادقا چىقالماس
قېرىنلار جوۋان بىلەن ياتسا بىر پاي ئاتالماس
قېرىنلاردا تەجرىبە كۆپ قورقاق بولماس
قېرىنلاردا ۋەتەن ئىشقى ھىچ نەرسە پايلىماس

قېرىنلاردا غەيرەت كۆپ دۇئا قىلار يانماس
قېرىنلار ۋەتەندىن باشقا ھىچ نەرسە تانىماس
قېرىنلار ۋەتەندە تۇرۇپ ۋەتەنسىزلىك دەردىدە
ۋەتەن ئازادلىقىنى كۆرمىگۈچە كۆزىدىن ياش قۇرىماس
مۇجاھىد قېرىنداشلار يىتىشىدۇ تۈگىمەس
كۆرەش يولىدا قىلىدۇ جىھاد شېھىتلەر ئۆلمەس

## قۇللۇق كىشەن

مىللىتىمنىڭ روھى ئۆلۈكلىك يامان
لىكىن قورقىدۇ خىتاي ئۇيغۇردىن ھامان
ئەگەر روھتا بولسا قۇللۇق كىشەن
مۇجاھىدلەر قىلماستى تەسلىم بولۇپ يېتىپ
توختىماي قىلدى مۇجادىلە بىر ئۆلسە بىرى تۇرۇپ
خەلقى ئالەم كۆرىدۇ قاچار خىتاي ۋەتەننى تاشلاپ
مۇجاھىدكە تەڭ كېلەلمەس خىتاي ھەرقاچان



# تەقدىر رەھماندۇر

ھەقىقى ئەمىر تەقدىر رەھماندۇر
ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھتىن ئەسلى ئىماندۇر
مال ـ كۆچۈڭگە ئىشەنگەنلىك بىر شەيتانلىقتۇر
بولارنىڭ ھەممىسى ئەقلىڭگە ئاخىر پۇشايماندۇر



# تاپايلى ئارتۇق بىر يول

باتىلار ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن
مۇسۇلماننى ئۆزىگە پىشۋا قىلدى
مۇسۇلمانلار باتىنغا ئۆزىنى ئېتىپ
نۇر ئىسلامنى ھاياتىغا پىدا قىلدى

باتىلار مۇسۇلماننى مۇسۇلمانغا
بىر ـ بىرىگە سېلىپ ئويۇنچۇق قىلدى
بۇ سەۋەبتىن يەر يۈزىدە
نۇر ئىسلام خار ـ زار بولدى
مەن مۇسۇلمان دەپ
مۇسۇلمانغا نەپرەت قىلدى

باتىنغا شىكايەت قىلىپ
باشقىچە يالۋۇرە ئىززەت قىلىپ
باتىلار قىلار ئاندىن بىزگە
ھىلە شەيتان تۆھمەت قىلىپ
ئۇلار قىلسا بىزگە ياخشىلىق
داۋراڭ قىلار تازا شۆھرەت قىلىپ
شۇڭا دەيدۇ جومھۇر رەئىس
ئەجنەبىلەرگە ۋاي نىھايەت
كۆرەلمەيدۇ بىزنى، قۇرار توزاق
قىلار دائىم يالغاندىن غەيبەت

باتىلارغا ئىشەنگىن دەپ
بارمۇ ھەدىستە ياكى ئايەت
باتىغا ئوخشىتىپ ئېچىۋەت دەپ
بىشىڭنى ئاچ بارمۇ رىۋايەت
پۈتۈن ئەزايىنى ئېچىۋىتىپ
قىلار پەرداز مايمۇن نىھايەت
باتا دىمەك ئىسلام دۈشمىنى
ئوچۇق تۇرسا غايەت
بۇ غەپلەتتە مۇسۇلمانغا
چۈشكەن تۈگمەس بىر ئاپەت
پايدىلاندى دىن دۈشمەنلىرى
دائىم قازىدۇ قۇدۇق ئادەت
دۇنيا ئىسلام مۇسۇلمانلارغا
ئىلاھىم كۈچ ـ قۇۋۋەت بەر ھىدايەت
ئۇيغۇرۇمنى ئىرىشكەي نىجات
قۇرار ئىسلامى بىر دۆۋلەت
ھەقىقەتنى چۈشەنسەڭ
ئالەمى ئىسلامغا ئائىتتۇر
ئۇيغۇر ئۈستىگە قۇرۇلغان
بالايى ئاپەت غەپلەتلىكتۇر
ئۇيغۇر تارتىۋاتقان گۇناھلار
ئەڭ چوڭ ئاسارەتتۇر
ئۇيغۇرۇم مۇسۇلمان لىكىن
بىشىغا كەلگىنى مۇسىبەتتۇر

ئۇيغۇرۇم مۇسۇلمان تۇرۇپ
ھەق يولدا ماڭمىغانلىق خاتالىقتۇر
ئۇيغۇرغا ئاللاھنىڭ قەھرى
غەزىپى بولدى بالا نازىل
ئاللاھ ئەمرىنى قويۇپ
ماڭدۇق نائىش سابىق باتىل
بولۇپ تۇرۇپ شەيتان يولىنى
دوست تاپتۇق ئەخمەق بىلەن جاھىل
مال ـ شۆھرەت دۇنيا پىشىدە
يۈگۈردۈق ئالدىنىپ غاپىل
شۇنىڭ بىلەن قالدۇق ئاسارەت
يوق نىجاتلىق بىزگە ئادىل
ئىلاھىم بەرسە بىزگە نۇسرەت
تاپايلى ئارتۇق ئۇيغۇرۇم بىر يول



## ئەزىپ كەتتى باشتىن ئاياغ

ئۇيغۇرۇمدا يوقتى دىنى مەزھەپ
چىقتى ھازىر بىزدە تۆرلۈك مەزھەپ
ئۇيغۇرۇمنىڭ ئەھلى سۈننىدۇر مەزھەپ
بۆلۈنۈپ كەتتى ھەر يولدا ئېزىپ

بۇ تۇغرىسىدا يوقكى ئالىم چۈشەندۈرۈپ
بۇ ئەخماقلار ئاڭلىماسكى قىلسا لاپ
ئىبلىسلارنىڭ مەقسىدى دىندىن چىقىرىپ
ئۇيغۇرلارغا مەزھەپ ئۇرۇقنى تېرىپ

مەزھەپ بىلەن مەزھەپنى سىلىپ
باتىلارنىڭ ئويىنغان ئويۇنغا قېنىپ
يوقاتماقچى خىتايمۇ ئۇرۇپ قېقىپ
بۇنى چۈشەندۈرسەڭ ئۇنىڭ دىماغى
ئېزىپ كەتتى ئۇيغۇرۇم باشتىن ئاياغى



## خائىنلارغا ۋاي

خائىنلار ئىش بېشىدا
سادىقلار بويۇن قىستى
گۆھەردەك داۋاچىلار
كۆمۈلۈپ ئاياق ئاستى

مىللەت ۋەيرانى بولدى
رىياسەتچى ھاماقەتتى
ئاياغ ئاستىدا قېلىۋەردى
بىلىملىك ئىسىل زادى

خائىنلار ياخشىلارنى
رەنجىتەر خۇشال ئاتتى
داۋاچىلار قالدى ئېزىلىپ
باش قالدۇرۇش يوق شارائىتى

داۋاچىلاردا مال - پۇل يوق
يوق پەقەت ئۇلارنىڭ قىممىتى
كەمبىغەل بولسىلا ياقماس
قىلسا سۆز قوۋۋىتى

مال - پۇلغا قاراپ
ئىززەت قىلار نائەھلى ئېزىتقۇچى

قۇرۇق قول بولسا يوق
ئۇنىڭ لايىق ئىززىتى
قارار بېرىلىدۇ ئۇنىڭغا
يانچۇقى توم بولۇشى
گۇناھلىرى كەچۈرۈلىدۇ
ئۇ بايلا بولسىلا
كۆرۈنمەس نۇقسانلىرى
نەچچە قات بولسا
پۇلى يوقلارنىڭ گېپى تۈگ
ئەگەر بىلىملىك بولسىمۇ
قىلار تازىم كىيىم ـ كېچەكىگە
ئەگەر نۇقسانسىز بولسا
بىلىملىكلەر غەرىپ بولۇر
ئۇچرىغاي دائىم ھاقارەتكە
ئادالەت يوق ئارىمىزدا
باھا بېرەر پەقەتلا قارىسىغا



# كىپەن ھازىر

ۋەتەن، مىللەت، دىن ئۈچۈن كىپەن ھازىر
قىلسا ئىرادە ئىلاھىم پات يېقىندا ھاسىل
شاھادەت شەربىتىنى تويغۇچە ئىچەرمىز
ئېچىلغاي ۋەتەن تۇپراقلىرىدا گۈل باھار
تۆكۈلسۇن ۋەتەن تۇپراقلىرىغا شېھىت قانلار

ئىلاھىم بۇ مىللەتكە جاسارەت بەرگىن
چىن زالىمنى ۋەتەندىن خارۇ ـ زار ئەتكىل
كەلگىنىگە مىڭ پۇشايمان بى قارار ئەتكىل
ئۇيغۇرۇمغا ھىدايەت بەر توغرا بىرلىك ئەتكىل
قالمىسۇن ۋەتەندە مىكروپ توزتومان ئەتكىل

ئۇيغۇرۇمنىڭ بېشىدا مىڭ بىر بالا
ھازىرغىچە سەبرە قىلدۇق ئادا
قان قۇستۇردى كۆزىمىز قان يارا
كۆرەلمىدىم ئۇزاقتىن يوللار ئارا
يوق تېخى يالقىرغىدەك بىر ئەسىر

# چىقىپ كەتتى يولدىن

ئۇيغۇرۇم چىقىپ كەتتى يولدىن
ۋەتەن مىللەت دىن ـ دىيانەت قولدىن
چىنلى شەيتان چىقاردى بىرلا سۆزدىن
ئايرىلدۇق ئىزلىپ بار يوقى ئەلدىن
ئەگەر ئىلىم بولسا ھىچ ئازمىغاي
ئۇ كىتابنى ساندۇقتا ياكى يانچۇقتا سالماي
ئوقۇپ چۈشەنسەك تاپاتتۇق ئازماي

ئۇيغۇرۇم بەربىر ئۆلسەن بىركۈن بىرىپ
مەنالىق ئۆل ناله قىلماي ئىمان بىرىپ
ئۇيغۇرۇم ئازدى دىنىمىزدىن سەن ئالغىن تىرىپ
ئازغانلار قالار جاھاننامدە ئىزىپ
قىلمىشىڭدىن بىرسەن بىربىر ھىساب



# ئۇيغۇر سالادا

ئۇيغۇرغا بۇ دۇنيا تار كەلدى لىكىن سالادا
تېپىلمىدى ئەگەر تېپىلسا بىر مەدىكار ئەسلا
قورۇلۇپ قالماستۇق بۇلۇڭ پۇچقاقلاردا
دىن ـ دىيانەت ۋەتەن ـ مىللەت ھەق يولىدا
بىھۇدە كۆن ئۆتكۈزۈپ ئەخمىقانە كۆلۈپ يولدا
بەزىلەر ئىچىپ بىھوش بولۇپ قۇرۇق خىيالدا
ھەقنى تونۇماي يا ۋەتەنگە بارالماي تالادا
ئۇيغۇرۇم كىلەيلى ئارتۇق بىرلىك قارارغا
نۇمۇس قىلماي ئاللاھتىن يا خەلقى ـ ئالەمدىن
نىمە بولدۇڭ قورقمايسەن روزا جازادىن
نىمىشقا ئىبرەت ئالمايسەن كەلگەن بالادىن
بىزگە كەلگۈلۈك كەلدى ئۆز خۇي ـ پەيلىمىزدىن
شۇڭا غەپلەتتە قالدۇق ھىچ كارىمىزدىن



## شەيتاندىنمۇ رەزىل

مىللەت ھەققىنى يىدى بىر ئەبلەخ
مىللەت ھەققىدە سۆز قىلىپ تۇرۇپ
سۆكۈپ دائىم شەيتاننى
شەيتان كۆرۈپ بىركۈنى ئۇنى
مەن شەيتانمىكىن دەپتىمەن
ئۇچراتتىم سەندەك رەزىل ئىنساننى
مەندىنمۇ رەزگە نەرسىمىشسەن
ئۇ قەدەر قاۋايسەن تۇتامسىز

بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ سۈرە نىسا 121، 119، 120 ـ ئايەتىدە شۇنداق دەيدۇ (كىمكى ئاللاھنى قويۇپ شەيتاننى دوست تۇتىدىكەن ئۇ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئوپوچۇق زىيان تارتقان بولىدۇ. شەيتان ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەردە بولىدۇ ۋە ئۇلارغا خام خىيالغا سالىدۇ (يەنى ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئارزۇلارنى كۆڭلىگە سالىدۇ) شەيتان ئۇلارغا پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. ئۇلار جەھەننەمدە قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ) دىمەك جانابى ئاللاھ ئىنسانلارنى بۇ قەدەر ئاگاھلاندۇرغان تۇرسا.

## داۋا ئېشغا زاكات

داۋا ئېشغا بايلار زاكات بەرسە
داۋايىمىز سىلكىنەر جانلىنىپ تۇرسە
توسدۇ زاكاتنى بولۇمسىز شەيتانلار
زاكات بەرمەي هارام قىلار هايۋانلار
غېرىب هەققىنى بەرمەي خىيانەتكارلار
داۋاچى يوق چىقار هۆسنى سۆرەتتىن
ئەقىدە بۆلمىگەن شەيتان ئەلدىن
يىراقلاشقاي خەلقىم شەكلى غەيرى تىلدىن
قاچار ئۇلارمۇ ئۇيغۇرنى كۆرسە نەپرەتتىن
قۇتۇلدۇر ئىلاهىم غەپلەت تۆهمەتتىن



# كاۋاپ بولدۇم ۋەتەن ئىشقىدا

يۈرۈگۈم يانار كاۋاپ بولدى مىللەت ئىشقىدا
جىگىرىممۇ كاۋاپ بولدى ۋەتەننىڭ پىراقىدا
قاچان ئازات بولار دەپ مىللەت تۇراقىدا
ھۆر بولۇرمۇ مىللەت يا تېخى ئۇزاقلاردا
غەم ـ قايغۇدا ياتالمايمەن نادامىندا

مىللەت يولىغا قويدۇم جان مالىمنى
ۋەتەن ئۈچۈن سەرپ قىلدىم پىكىر خىيالىمنى
ۋەتەن ئازات بولغىچە كەسمەيمەن بۇرتۇمنى
ئاڭلىغاي مىللىتىم بىر كۈن بۇ سۇئالىمنى
يەتكۈزگەي ئىلاھىم مىرادىمغا مۈشكۈل جاپايىمنى



# ئال رەئىس

خاراپ بولدى ئاسارەت ئاستىدا قېرىنداشلار
ئەزانمۇ ياساقلاندى ۋەتەن دىيارىدا
پۈتۈن ئىشقا قۇرۇپ قاپقان تورزاقلار
قۇرىماس قان ـ ياشلىرى كۆز دىماقلاردا
داۋاسى يوقمۇ رەئىس نالىزارلارغا

رەئىس كۆرمەيمىز ئۇزاقنى قىل ئارا
باشقىلارغا قىلدىڭ مىڭ تۈرلۈك ۋاپا
ئاغزىڭدا مىڭ تۈرلۈك ياخشى سۆز با
لىكىن كۆرمىدۇق تېخىغىچە قىلچە ئادا
ئۇنۇتماسسەن قىلغىنىڭنى ياكى بى ھوپا

ئال ھىمايەڭگە رەئىس قالمىسۇن غەمدە
ۋەتەندىن ئايرىلدۇق يېتىپ تازا دەمدە
قەھرىمان ئۇيغۇر ئىدۇق بىر ئادەمدە
ئادەم دىگۈدەك يۈز يوق تازا بىغەمدە

# ختاي ئالدى جان بىلەن

ئۇيغۇرۇم ختاي ئالدى ھەر باھانە بىلەن
يەمەي ـ ئىچمەي توپلىغان دۇنيايىڭنى جان بىلەن
توغرا يولغا ئىشلەتمەدىڭ ئالدى باللارنىڭ بىلەن
ۋەتەن، مىللەت يولغا بەرمەدىڭ خىيانەت بىلەن
ۋەتەن ـ مىللەت ـ دىن ئۈچۈن بەرگەن بولساڭ پۇل بىلەن
كۆرەتتىڭ ئازات ۋەتەن ئېچىلغان گۈل باھار بىلەن
ئەمدى جەھەننەمدە قانداق يانارسەن ئۆلگەن بىلەن
ئەمدى باللا ـ ماللا ـ پۇللا يوق قالدىڭ جان بىلەن



# ساغا يوق ئامال

تاپساق پارا ئالساق راھەت كامال
بىر ھاۋادىس بولسا ساڭا يوق ئامال
بۇ قەدەر ھاياتقا ۋەتىنىڭگە قىل ئامال
دوستلىرىڭنى توپلاپ قىلغايسەن ھەل

ھىچ ئويلىماس ۋەتەننى راھەت بىلەن
ئۆمرىڭنى ئۆتكۈزسەڭ ئىززەت بىلەن
ياتامسەن تېخى چەتئەلنى كۆرگەن بىلەن
نومۇس يوقمۇ ھۆرلۈكنى كۆرگەن بىلەن

ۋەتەنسىزلىك قارا كۈرۈنەر بۇ جاھان
بىزمۇ ئىنسان قالمايلى قاراڭغۇدا ھامان
ۋەتىنىڭ بولمىسا غەيرى يۇرتتا پاشاھ
يىسەڭ كەيسەڭ جاۋاھىردىن كولاھ
ئاچ ـ توق يالاڭئاياق بىر گودەك
ئۆز تىلىڭدا سۆزلەشسەڭ ئاجايىپ بىر رىباھ
ئاللاھ يولىدىن ئېزىپ كەتكەنلىك
مۇسۇلمانغا يوقكى ئازاتلىق
دىن يولىدا ماڭغان بولساق
بولۇر بۇ دۇنيادا ئەزىز شاتلىق

باشقىلار ياشايدۇ ئۈنىڭغا ئىنسىپ
ئىت كۆپەك توڭگۇز يىگەنلەر كىسىپ
ۋەتەننى خارۇ ـ زار قىلدى مەلئۇن بېسىپ
ئىجتاھات قىلغان بولساق سېسىپ يېتىپ
قان بىلەن ئالغان بولساق سۆكۈپ ئېلىپ

ۋەتەن ئىشقى دەپ بىرەي دوستلار
كېچە ـ كۈندۈز ھەسرەت پىغان ياشلار
تۆكۈلەر چەشمىدەك ياشلىرىم مارجانلار
ھەريادىمغا كەلگەندە چىقار ئاھ ـ پىغانلار
كەل بىللە ئېيتايلى قالمىسۇن دەرت ـ ئارمانلار



## 5 ـ 3 كۈنگە قاراپ

ئۈيغۇر ۋەزىپەڭنى ئورۇندا تىك تۇرۇپ
3 ـ 5 كۈنۈڭگە قاراپ غەيرەتلىك بولۇپ
مەشرىپى ئالمىدە بىھۇدە كۈنۈڭ بىتاپ
ئۆلۈكۈڭنى يەيدۇ قۇرۇت يىلان ئەقرەپ
قالسەن يالغۇز سوراق بىلەن سوقۇلۇپ
ئەگەر دۇنيادا دىن ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن
قىلغان خىزمىتىڭ بولسا بىر يول تېپىپ
جەننەت ماكانىدا ياشايتىڭ ھۆر قۇچاقلاپ

سەن قىلما ھىلە ئۆمرۈڭگە ئىتبار
ئاقۋەت بىركۈن ئۆلسەن ئەيلى ياد
ئاللاھتىن غاپىل بولساڭ بولما شاد
ئاللاھقا يېقىن بولساڭ بولۇر ئازات
باتىدا تۆركىيەدە ياشىدىم دەپ
غەيرەت ئىچىدە بولما گول
بويىنىڭدا ئېغىر يۈك بار بۇنى بول
ۋەتەن ئازاد ئەمەس غەمدە بول
ئويلا دوستلار بىلەن تاپ بىر يول

# ئۇيغۇرۇمنى ۋەيران قىلغان نەرسە بار

شاراپ زىناھ ھارام خىيانەت يالغانلار
شۇڭا ۋەتەنسىز قالدۇق جۇل ـ ۋەيرانلار
خۇدا ئۇردى قىلدى پەيغەمبەر نالەتلەر
تۆگۈمەس بالاغا قالدۇق نىمە دىگەن گىرىپتار

ئۇيغۇرۇم بىر بىرىگە تەنە قىلماق بىلەن كەتتى
مۇجاھىدلەرگە بەزىلەر كۆز يۇمۇپ تەنە قىلدى
قاۋاپ خائىنلەر ھەددىدىن ئاشتى
قىلىپ سەبرە داۋانىڭ رەڭگىمۇ قاچتى

داۋاچىلار سۈكۈتتە بىر بىرىگە قاراپ قالدى
بۇ داۋادا چىقارمۇ قەھرىمان باشچى
خائىنلارغا تاشلاپ بەرمەيدىغان
ئۇيغۇرۇمدىن چىقارغىن ئىلاھىم يول باشلايدىغان



## ئىشەنمىگىن پۇلۇڭغا

بۇ دۇنيادا ياشىدۇق غەمسىز
ئىشەنگەن پۇلۇڭغا يا ئەزىز تېنىڭگە
ۋە يا خەلق ئىچىدىكى ھۆرمىتىڭگە
ۋە يا مەنسەپ ياكى شۆھرىتىڭگە
ۋە يا لىدىرلىك كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭگە
ۋاقتى كەلسە ئەرزىمەس ئۆلۈمىڭگە
قارا سەن بۇ دۇنيادا قىلغان خىزمىتىڭگە
قىلساڭ ياخشىلىق قىزلار مازار تېشىڭگە
قالىدۇ ئەۋلات ئەۋلات سوي دىشىڭگە

ئۇيغۇرۇم بىر نەسىھەت سۆز
دەپ بىرەي قىلغان سۆزۈم ئۇز
ئاڭلا ـ قاراڭلار سىلكىنىپ بىر كۆز
قارىساق دۇنياغا نەم ئالار كۆزۈمىز
ئۇيغۇرۇم بۇمۇ بىزنىڭ تەقدىرىمىز
ئەي ئۇيغۇر نىمە ئۈچۈن ھۆرلىكنى ئالمايمىز

## يوق شاپائەتكە لايىق ئۆزۈم

دۇئا قىلدىم ساڭا ئىلاھىم
يوق بولۇپ كەتمەكتە خەلقىم
نىجاتلىق بەرمىسەڭ يوقتۇر ئامالىم
رەھىم قىل ئۇيغۇرۇڭغا ئىلاھىم

گۇناھىمىز كۆپتۇر ئىلاھىم
بىز بەندەڭگە قىلمىغايسەن غەزەپ
تەلمۈرتمىگىن بىزلەرنى يارەب
مەرھەمەت ئەيلە ئىلاھىم

ساڭا بارماس دۇئا سۆزۈم
چۈنكى يوق شاپائەتكە لايىق يۈزۈم
تەرك ئەتتىم ۋەتىنىمنى قورقاق ئۆزۈم
ئۇيغۇرىڭغا كۈچ جاسارەت بەر ئىلاھىم

نى ئۇلۇر بىر قەتىم رەھمە قىل ئىلاھىم
بىزلەردىن ئەسىرگىمەسسەن قۇدرىتىڭدىن
ئازدۇق بولۇمىسىزلىقتىن كەچۈرگەيسەن
ئۇيغۇرۇمنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈر ئىلاھىم

ۋەتىنىم زولۇم قىيامەت ئىلاھىم
يوقكى ئەزان نى قۇرئاننى ئىبادەت

خارۇ ـ زار پەرياد ۋەتەن
مەرھەمەت ئەيلە ئۇيغۇرۇمغا ئىلاھىم

دىنىم ئىبادەتتىن مەھرۇم قالدۇق ئىلاھىم
سەن رەھىم قىل قۇتقاز بىزنى يارەب
بۇ زۇلۇمدىن سەن قۇتقازمىساڭ
جاللات تەرەپتىن ئۆلۈپ تۈگەيمىز ئىلاھىم

گۇناھكار بەندەڭنى ئىلاھىم
بۇ كىسەل كاساپەتتىن
سەن ساقايت يارەب
سەنسىز ساقايمايمىز ئىلاھىم

مىللىتىم قورشاۋدا قالدى ئىلاھىم
قەلبىدە ئىمان، جاللات رەھىمسىز
سەن قۇتقازمىساڭ ئۆلۈپ تۈگەيمىز
مەرھەمەت ئەيلە بىزلەرگە ئىلاھىم

بىزنىڭ ئېغىر گۇناھىمىز ئىلاھىم
ۋەتەننى تاشلاپ قاچماق
ئەقىدىسىزلىك باتلىغا ساپماق
ھىدايەت بەرسەڭ ھەقنى تاپماق
ھەققە ئۇلاشتۇر بىزلەرنى ئىلاھىم

زالىم خىتاي دىنىمگە قارشى ئىلاھىم
تولۇپ تاشتى زىندانلاردا
كىشەنلەپ ئۇرۇپ قاپساپ
بۇ زۇلۇمدىن سەن قۇتقاز يارەب
رەھىم ئەيلىگەيسەن ئۇيغۇرۇمغا ئىلاھىم

ئارىمىزدا خائىن مۇناپىق جىق ئىلاھىم
خائىنلاردىن قاچار مىللىتىم قورقۇنچاق
خائىنلارنى جۆندىيەلمەيدۇ بىراق
جاسارەت بەر بىزلەرگە ئىلاھىم

ئارىمىزدا ئىھانەت كۆپ ئىلاھىم
بىرلىشەلمەس كىسەللىك كۆپ
ئىشەنمەسلىك چۈشەنمەسلىك كۆپ
ئىناقلىق ئەيلە بىزگە ئىلاھىم

ئۆمۈدىمىز سەنسەن ئىلاھىم
روھلۇق جاسارەت بەرگىن
ئىمانىمىزنى نۇر ئىسلام ئەيلىگىن
نۇر ئىسلامدىن ئەسرگمە
ھەق يولۇڭدىن نىسىپ ئەيلە ئىلاھىم

ساغلام كۆرەشچان دوستلار بەر ئىلاھىم
يولدىن ئاداشقان بۇ مىللەتكە
ھىدايەت قانىتىڭنى ئاچقايسەن
ھەق يول نىسىپ ئەتكەيسەن ئىلاھىم

دوست دىگىنىمىز دۈشمەن بولدى ئىلاھىم
ئالدىمىزدا كۆلۈپ ئارقىمىزدىن ئۇردى
ئارىمىزنى بۇزۇپ غەيبەت قىلدى
بۇنداق ئىنسانلاردىن ئۇزاق تۇتقايسەن
قۇدرىتىڭدىن ئەقىل بەرگەيسەن ئىلاھىم

قۇتۇلدۇر بۇ زۇلۇمدىن ئىلاھىم
ئۇيغۇرۇڭنى جازالاپ ئىمتىھان ئەتتىڭ
گۇناھلىرىمىزنىڭ ئېغىرلىقىدىن
بۇ دۇنيانى دوزاق ئەتتىڭ
ئۇيغۇرغا كۈچ زەپەر بەرگىن
قۇرۇلسۇن ئىسلامى بىر دۆلەت

ئەسىركىمە ئۇيغۇرۇڭدىن يارەب
قۇدرەت ئىلاھىڭدىن زەپەر سەندىن
كۆرەش قىلىش ئۇيغۇرۇڭدىن
سىنىڭ ئىلاھى ئادالىتىڭدىن
ئىككى ئالەم بەختىيار بولسۇن

ساڭا ساغلام ئىبادەت قىلسۇن
جەۋلانسۇن ئەزان قۇرئان
ئۇيغۇرۇڭنىڭ تۇپراق ماكانىدا
تويسۇن بۇ شاتلىققا ئىلاھىم



# گۈلشنى

كىلىدۇ ۋەتەن باغۇ جەننەت گۈلشنى
بۇيىرارسەن ئۇ كۈن كۆرمەككە كۆز سىنى
بىر كۆرەلمەي ئۆلۈپ كەتسەڭ ئەگەر
كۆزۈم يۇمۇلماس ئوچۇق كىتەر

قورقۇنچاقلىق بىلەن ۋاي بىچارە ۋەتەن
كىم قولىدا قالدىڭ بۇ قەدەر جۇل ۋەتەن
ياۋرۇپا ئوتتۇرا ئاسيا تۈركىيە ئامرىكىدا
ياشىدىم دىگەن بىلەن بويۇڭ پۈكۈك يوللاردا

ۋەتەن خەلقى ئالەم بىزلەرگە ھاقارەت قىلار
قۇرۇق گەپ قۇرۇق خيالغا يوق ئىتبار
مەن بۇ يولدا دىگەننى كۆرمىدۇق ئىختيار
كۆرەشچان قىل بىر ھىدايەت بىزلەرگە ئىلاھىم

# مەن ئۈچۈن نۇمۇس

ئەجنەبى ساختىكار ئىشەنمەيمەن
سىياسەتكە ئىشەنگەنلەرنى چۈشەنمەيمەن
ئۇ تۈلكىلەرگە ئىشىنىپ ساقلاپ تۇرالمايمەن
مۇزلۇققا ئاتتى مۇزلاپ قېلىشۋەرمەيمەن

قىشنىڭ ئەتىيازى بار ئىرىمەي تۇرالمايمەن
مەنپەئەت ئۈچۈن ساتتى ئۈچ ئەبلەخ
ئالىمىز روس ئامېرىكا ئېنگىلىستىن
خىتاي بىلەن قوشۇپ ھېساب سورايمەن
مەن ئالماي نەۋرەمگە قويۇپ قويسام
نۇمۇس ئەمەسمۇ مەن ئۇيغۇر دېسەم



# غازى ئانام ئەقىللىق چاق قەپەزنى

ئانام سالغان ۋەتەنگە ساراي
ئىلتۋالدى ختاي ياساپ سالغان سارايىنى
ئانام تاشلاپ پىپىرىپ ختايغا سارايىنى
لەنەت قىلغان تويۇپ بۇنداق سارايىنى

ئەجنەبىلەرنىڭ دەردىنى كۆپ تارتتى
ئەمدى سالمايدۇ ھەشەمەتلىك ساراي
ئۆز ۋەتىنىگە سىلىپ ساراي
ئىگە بولالمىدى بى كىسەكمۇ

ئەمدى سالساڭ يەنە ساراي
ئامرىكىدا كىمگە قالار ئۇ ساراي
ئانا سەن چۈشسەڭ ساراي دەردىگە
ئاكام سىدىق چۈشسە قەلەم دەردىگە

مەن چۈشسەم غەم ـ قايغۇ دەردىگە
بايلار چۈشسە پۇل تىپىش دەردىگە
بىغەملەر چۈشسە نەزمە نەجەم دەردىگە
قىرىلار چۈشسە مەشرەپ ئويۇن دەردىگە

مۇجاھىدلەر چۈشسە لىدىرسىزلىك دەردىگە
ۋەتەندە مىللەت چۈشسە جان دەردىگە

ياشلار ۋەتەننى تاشلاپ قېچىش دەردىگە
ئالىم زىيالىلار لىدىرلىك تالىشىش دەردىگە

ۋەتەن مىللەت دىن ئۆچۈن ھەركەت يوق
بىھۇدە كۈن ئۆتكۈزۈپ قۇرۇق خىيال دەردىگە
لەنەت بولسۇن بۇ ھاياتقا سۆرگۈن دەردىگە
چۈنكى يوق ئويغاتقۇدەك لىدىر ئىچىمىزدە

چۇۋالچاق بىرلىك يوق ھەربىرىمىزدە
مىللەت پەرىشان قايغۇ ھەسرەت ئىچىدە
مىللەت قان قۇسۇۋاتىدۇ ئېغىر تاياقتا
يوقسا ئەخماقمۇ سەن بۇ ھاياتتا

ئۆتۈپ كەتتى ئەخمەقلار قولىدا 60 يىل
ئەخمەق ئەمەسكەن دىگەنئىدىم بۇ يىل
قايدۇردىمۇ باشقىلار سىنى غولغۇيىل
ئەمەس باشتا تۇرۇش ئىشى قىلغىل
باركەن پۇرسەت قۇرۇق خىيال بولمىغىل

قۇرۇق خىيال يارىماس يا تۆھمەت پىشىدە
يەتتى يېشىم بىر يەرگە ياراتقىن بىر تۆھپە
قىلدىم ھاۋالە ئالالاھقا ھىدايەت بەرمەككە
بەرسۇن ھىدايەت ئىلاھىم بىز مىللەتكە

ئالدانمايدۇ ئانام ئۇنىڭغا
كۆردى چىپىپ يۈرۈپ دۇنيانى
تونۇتتىك تونۇشتۇرۇپ ئۇيغۇرنى
بەرگىن جاسارەت ئىلاھىم ئاناماغا

ۋەتەنسىزلىك ئەجەب دەرت ئىكەن
ئەقىدەسىز بولماس ئادالەت ئەزەلدىن
ئەمەس ئىنسان ئۇ تۆلكە ئەسلىدىن
كىسەل كۆپە تارىخ ئۇ ۋەسلىدىن
ساتتى بولوپ تۇرۇپ سەيپىدىن

ئالدى بۇلاپ خىتاي بارلىق بىساتىمىزنى
قويدى بىزگە دۇئا بىلەن مازارىمىزنى
نىمە قىلالىدۇق ئۇيغۇر ئوغلانلىرى
ئويغان ئارتۇق چاق قەپەزنى

# نۇر كالام

قويدۇم ئامانەت ئاللاھقا ھاياتىم
قىلسام بۇ دۇنيادا خىزمەت ئىلاھىم
قورقىمام شۇڭا شھىتلىك ئىمانىم
يوقتۇر دىنىم ئۆچۈن ئۆلسەم ئارمانىم

بەر ھەق نۇرلۇق كالامىڭ
ماڭىمەن ھەق يولىدا ئىمانىم
يورۇتتۇڭ نۇر پەرمانىڭ
قۇتۇلدۇر ئىلاھىم جەھەننەمدىن



## خىتايىنىڭ نېمە ئىشى بار؟

رەئىس سوقما چىن زالىمنى
كۆرمىگەچ سەن خىتايىنى
ئۇ تۈلكە مىكروبنى
بولىدۇ دۇنيا ئەبلەخ ھالىنى
سور رەئىس بىزدىن خۇيىنى

كۆپەكنى باقساڭ ھاۋلايدۇ
دۈشمەن كۆرسە قوغلايدۇ
چىن دىگەن نان كور ئەبلەخ
قورسىقى تويسا سىنى تالايدۇ
سۇقما بۇ ئەزىز تۇپراققا
سىنى قوشۇپ يەيدۇ
تۈرك دۈشمىنى ئەزەلدىن
ۋەتەن پارچىسى قولىدا
شۇڭا ئويۇن ئويناىدۇ
تىكىپ كۆزۈنى زىمىننى ئويلايدۇ
كۆپەك نەسلىلىك تۈلكە ئۇ
مەقسىدى باشقا ئۇنىڭ
تۈركىيە جەننەت ماكان
ئىشتىھاسى باشقا ئۇنىڭ
تىقىپ ياۋاش ياۋاش پۇتىنى
سەن بىلەن جىدەل ئويناىدۇ

## ئاسارەتمۇ راھەت

مىللەت ھورۇن دۇنيادا راھەت
يوق نۇمۇس ئاسارەتتە راھەت
بەرمەس ھورۇن قولغا ئازادلىق
ئويغان ئارتۇق ئۇيقۇڭ يېتەر
يوق ساڭا ئويغانمىساڭ شاپائەت

كۆچنى ۋەتەن مىللەت دىندىن ئالدىم
مۇستەقىللىق ھەقلىق نىشانىم
بايراق قولۇمدا ۋىجدان ئىمانىم
ۋەتەندىلا ساغلام تەرەت ئالغىنىم

كۆرۈنەر مەنزىل ئۇزاق
خائىن تولا يول چىتلىق
چىقار كۆرەشچان لىكىن ئېزىتقۇلۇق
بوغار ئەقلنى يوللار تورزاق

## بىر ئايالنى كۆردۈم

ئۆرۈمچى قوزغۇلىڭدا كۆردۈم
مىللەت يولىدا پەرۋانە كۆردۈم
كۆزىدە نەپرەت ئوتىنى كۆردۈم
ۋەتەن ھەسرىتى پىغانىنى كۆردۈم

ئاھ مىللىتىم ئاچچىقلاپ كېتىمەن
ئويلاپ جاپايىڭنى يىغلاپ كېتىمەن
ئەجدادىمنى ئويلىسام ئىپتىخارلىنىمەن
كەلسە ۋاقىت جېنىڭنى تىكىسەن
ئاللاھ شاھىتتۇر بولۇپ تۇرىمەن



# غەپلەت چاتاق

مىللىتىم ۋەتەنگە ياخشى قاراپ باق
ھەركۈنى قىز ـ ئوغۇل يەيدۇ تاياق
ئۇردۇ ئۇيغۇر ئۇيغۇرنى شاپلاق
ئاھ مىللىتىم غەپلەتتە قالماق چاتاق



## باھار شاملى

تويمايدۇ روھىم باھار شاملىغا
لەپىلدەيدۇ كۆك بايراق باھاردا
دۇنيانىڭ تەختىگە بىزمۇ ئولتۇرغاندا
يېتەر ئىدۇق مۇراد ئارمانلارغا

ئاھ گۈلزار مۆۋە چىمەن ئىچىدە
ئەسلا چىقمايمەن باغ ئىچىدە
ئىچىمەن قانغۇچە ئۆز باغىمدە
چاقىرىمەن دوستلارنى سارىيىمدە

ئاھ مىللىتىم ئويلىماقتىن
تاڭ ئاتمىغان كېچىلەردىن
قىيىن تېپىشماقلاردىن
ئوچۇق كۆڭۈل پەنجىرىدىن
رازىمەن شىھىت ماقامىڭدىن

دۇنيانىڭ گۇناھى يوق گۇناھ بىزدە
سۆيدۇم مىللەتنى يارلاندۇق بۇ يولدە
چاپتىم ئەمما سەن ئۇزاقلاردە
قالمىدى ئۈمۈدۈم يالغان دوستلاردە

ۋاز كەچتىم دۇنيانىڭ پۈتۈن ئىشىدىن
بىر ئۆمۈر تۇرمىدىم چاپتىم پىشىدىن
زامانىنى تۇرا! دىدىم تاكى بېشىدىن
ئىزدىدىم ئۆمرۈم ئىچىدە ئارمانىدىن

چارچىمايمەن ئەسلا ۋەتەن يولىدىن
ۋاز كەچمەيمەن ھەق ۋەتەن يولىدىن
كورىندوم ھەسرەت پالىلىرىمغا
ئۈمۈدۈم شىھىتلىك ئاللاھ ئۈچۈن

يانمايمەن ئىچتىم قەسەم بۇ يولدىن
ئارتۇق ئىشەنمەيمەن يالغان سۆزدىن
روھىم بەدىنىمدىن چىقمادەن
ئۆلسەم ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن

ھەسرەت چىكىپ قەلبىم ئىچىدە
ئەقلىم قوبۇل قىلمىدى ھىچ نەرسىدە
ئويلىدىم ئۆمرۈمنىڭ ھەر قاتىدە
توختام تۈزمەكتە ھەر بىرىدە

دوستلىرىم دۈشمەن بولدى
قەدەرلىرىم يوغۇرلوپ ئارمان بولدى
ئايرىلمايمەن ۋوجۇدۇم پەرمان بولدى
قالسامۇ يالغۇز شىھىتلىك ئۈمۈدۈم بولدى

مەن كەلگىنىمگە 30 يىل تۈگەر
ھەسرەت پىغان كۆڭلۈم بەتەر
مىللەتچى رەئىسلارغا يالۋۇرۇپ ئۆتەر
ئۇلاردا يوق سادا سالام بىرىپ كىتەر
مەتە بولسەن مىنىڭ پىلانىم
تۈتقان خەنجىرىڭ ئالىدۇ ئىنتىقام
خەنجەر تۇتۇپ باسىمىز قەدەم
سەۋەب بولسۇن خەنجەر بىزگە
كۆرەشچان دوستلارغا بولىدۇ ئىلھام
كۆرگەن دۈشمەنلەر قاچار ھەردەم
زالىمنى قويمايمىز ئالىمىز ئىنتىقام
مەتە ئالالاھ شاھىت بولسۇن
زالىم خىتايغا خاتىمە بىرىدۇ ئۇيغۇرۇم
ئەي خىتاي بىلسەن ئۇ مىنىڭ زىمىنىم
دوستلىقتىن مەتە سۆزلىرىم بار
كۆڭلۈم بولارمۇ مىنىڭ بىر كۈن شاد
توسالغۇ كۆپ كۆرەلمەنمۇ ئازاد
ياشايمەن لىكىن يۈرەيىم يىنىپ
كەلمىدى قولۇمدىن تۈگەرمۇ پەرياد
يىغلا ـ يىغلا باغلار چۆلگە ئايلاندى
قالمىدى قولۇمدا ئۈشتى گەتتى
چاقىرغانمۇ يوق ئىتبارىم قالمىدى
سەنمۇ بولساڭ تاشلىما دوست قالمىدى

مەتە دىيار كەزدۈردى
كۆڭۈل باغىمغا باھار ئەردىردى
ساختىكارلاردىن بىر بىر تەزدىردى
كىم يامان كىم ياخشى بىلدۈردى

مەتە ئەسلى ۋەسلىم زادى نەردە
نۇرلۇق يۈزۈم قوندۇز ساچىم نەردە
مەن تاشلاپ قاچقان ۋەتەن نەردە
ۋەدە قىلغان دوستلارنىڭ ساداقىتى نەردە

مەتە بىلەن دىيار كەزدىم
ئۆزۈلدى بۇ تەنىم جاندىن تويدۇم
كىم كەلسە ماڭا چارە قىلالماس
يارا يۈرىكىم داۋا يوق قاندىن تويدۇم
بىھۇدە ئۆلەر ھەركۈن ئۇيغۇر خەلقىم
كۆڭۈلسىز  ئاچچىق خەۋەردىن تويدۇم

ئەسلىدە خىيالىمىز بار ئىككىمىز
ئولتۇرۇپ قوپتۇق سەن بىلەن بىزدە
كۆرۈنەر يۈزۈڭدە سۆز بىلەن ئۆزدە
ۋەتەن سەۋداسى يانار دىل بىلەن كوزدە
باشقىنى كۆردۇق مەيدىسىگە ئۇرغان بىلەن
ئىشەنمەيمەن ۋاپاسىز تۈلكە قۇرتلارغا

ئايلاندۇردۇم ئانا ۋەتەن تۇپراقلارغا
مەنى كوزور قىلدى ئۇ ئەبلەخلەر زالىم خىتايلارغا



# دۆلەت باغچىلى ـ تۈرك دۇنياسى

تۈرك ـ تۈركتىن يوق ئىدى باشقا دوستى
يوق ئىدى ئويغاتقىدەك سەركەر لىدەرى
نەردە قالدىڭ دەۋلەت باغچىلى ھەق ئادالىتى
تۇر دىيەلمەيسەن قىردى خىتاي ئاۋچىسى

ئاڭلا ئەي تۈرك دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى
قۇربانىمۇ ئۇيغۇر يوقمۇ ئىگىسى
بۇ دۇنيادا ۋاپالى دەۋلەت باغچىلى
ھەركۈن ئاقار ئۇيغۇر قان يارىسى
كۆرمەسكە سالما تۈرك دۇنياسى



## ئېھتىياجىم قالمىدى
## (باشقىلارنىڭ شېئىرى)

جىھادنى بۇيرۇق قىلدى ئاللاھ
باھانىگە ھاجەت قالمىدى
ئىچتىم ئەجەل شارابىنى
دوختۇرغا ئېھتىياجىم قالمىدى

قان ـ يارام ياخشىلاندى
ئوپراتسىيەگە ئېھتىياجىم قالمىدى
يەپلىدى جەننەت سارىيىم
مىمارغا ئېھتىياجىم قالمىدى



# ئاگلا خىتاي

خىتاي ئۆز شەھرىدە ياشسا بىراق
ئەمەس دۈشمەن بىز ئۈچۈن پەقەت
قالغىنى ئۇيغۇر زېمىندا بىز ئۈچۈن چاتاق
زېمىنىمىزغا ئاياغ باسقان خىتايغا ئاقۋەت

ئۆلۈم ئۇلار ئۈچۈن ئەمەستۇر ئۇزاق
دەيدۇ شۇنى بەزى ئەخمەقلەر بىراق
يوق خەلقتە گۇناھ ھۆكۈمەت تۇزاق
ئۇنۇتما شۇنى خىتاي قالدى ئۇزاق

يېتىشۋېلىپ ۋەتەندە قان ئەمدى
قىلماي رەھىم ئۇيغۇر زېمىندىن قوزغىساق
ئۇيغۇر زېمىنغا باھار چېچەكلەرنى تېرىساق
ئۇيغۇر زېمىنغا ئىسلامى دەۋلەت قۇرساق

ساڭا شۇنى ئەيتىلى ئاگلاپتۇر
ئۇيغۇرنىڭ نىشانى مۇستەقىللىقتۇر
ھەرقانداق سۆلھى سالا خەتەرلىكتۇر
مۇستەقىللىقنى بۇزغان ئاسىي مۇناپىقتۇر

# كىم قەھرىمان

بولالمايدۇ ئۆزىنى ئويلىغان قەھرىمان
دىن ۋەتەن مىللەت يولىدا ماڭمىغان
قورقاق بولىدۇ ئۆزىنى ئويلىغان
قورقماس جىھاددا قىلىچ ئويناتقان
زەيدۇن رەھمەتول ئوبۇلقاسىم قەھرىمان

قورقاق تەھلىلچىلەر بولالمايدۇ قەھرىمان
ئۈمۈدسىز ۋەتەندىن قورقار ھەرقاچان
يېتىم بالا تۇلخوتۇن دىلى نازۇك بولىدۇ
ئاغرىتماڭلا ئانالارنى قارغاپ قويىدۇ



# قورقۇنچاقلىق

قورقۇش ئىنسان ئوغلى ئالالاھتىنلا قورقماق
قورقۇش سەبرە بىلەن جاسارەتنى ئارلاشتۇرماق
قورقۇش ھىس تۇيغۇنى سەبرە بىلەن تويغۇزماق
قورقۇش ھاياتى بويىچە ئېغىر يۈكنى توشۇتماق
قورقۇش ئەقىل ۋىجدان ـ ئىماننى بىر ـ بىرىدىن ئايرىماق



# قاراپ تويماي

ئاھ تۈركەم شەھرىڭگە قاراپ تويماي
لەپىلدەپ قىزىل بايراق ئەزان ئوقۇلۇپ تۇرغاي
ماڭدام ماڭدامدا پەتۇچىلار قاراپ تۇرغاي
خائىن بولۇپ مىللەتكە ئامرىكىغا قاچقاي
ئالدىنىپ ئۇيغۇرلارمۇ سەپ تىزىلىپ تۇرغاي



## نىمە ئىشلىك بار سۈرىيەدە

ئۇيغۇرۇم ئاسارەت ئاستىدا قالدى
زالىم قانخۇر ئەبلەختىن ۋەتەن تار كەلدى
قېچىپ ئۆلۈمدىن مىڭ بىر جاپادا كەلدى
كىلە ـ كەلمەيلا ئادەم توججارغا قالدى
ۋەتەندە زۇلۇم ئاز دەپ
سۈرىيە ئىراققا ئۆلگىنى كەلدى
ئۆلگىنى ئۆلۈپ قالغىنى كەلدى
ئاياقلىرى باسماس بولۇپ كەلدى
يوللىغانلار ئىگە بولماستىن پەقەت
نۇمۇس قىلماي تونۇماس بولۇپ قالدى



# راھەت جاپاسىز بولماس

ئۈيغۇرۇم راھەت جاپاسىز بولماس
بەركەت ھەركەتسىز بولماس
خۇشاللىق سەۋەبلىك بىلەن بولماس
بالا قول ئازمىسا يېزىلماس
ھەقتىن ئايرىلغان بالاسىز قالماس
ھەققە قېتىلغان ۋەتەنسىز قالماس



## قان بىلەن تەرەت

بىزلەر بىغەم ئۇخلاپ راسا ياتاركەن
ئۆلۈم قورقىدا مىللىتىم يېتىپ قارا باساركەن
بىگۇناھ مىللىتىم تۈرمە ـ تۆرمىلەردە تولۇپ تاشاركەن
ھەركۈنى سوراق تۇرماس ھاقارەت دەشنام
رەھىمسىز جاللات تۇرماي ئۇرۇپ قامچا بىلەن
چىدار يەنە ئەزايىدىن قان پىشقىرغان بىلەن
ئىرادىسىدىن ياناماس ۋارقىرار ئازادلىق ئۈچۈن
ھوشىدىن كەتسىمۇ ئۇرار تۆرلۈك ئۇرۇش بىلەن
جاللات تۇرار پەقەت ھېرىپ قالغان بىلەن
كەلسە ھوشىغا ئاقار قان ۋوجۇدىدىن
ناماز ۋاقتى كەلسە ئالار تەرەتنى قان بىلەن
قىلار نامىزنى ئېسقلىق زەنجىر كۆشەن بىلەن
مىللىتىم ئەنسىز ھېچ بىرى تۆرمىدىن ساق چىقمىغانلىقتىن
دەرت ـ ئەلەمدىن قورۇلدى يۈرەك ئاقتى كۆز ياشىدىن

مۆشكۈل ھايات ۋەتەندە ئانا ـ سىڭىل تۆرمىدە
مەن ئەقىلسىز كىلىپ سۈرىيەدە قاپقاندا
ئىشىنىپ ئالدامچىلارغا ۋەتەننى بىرىپ بۇ يولدا
شەيتان بىلەن بىر بولۇپ بىز جىھاد دىگەن يولدا

ئالدى خىتاي ئىگىسى يوق قىزلارنى بۇلاپ
چوڭ ـ كىچىك جامائەت بىزنى سۈرىيەگە يوللاپ

ئالدى ئەقلىمىزنى بېشىمىزدىن بىزنى زورلاپ
ئۆلسەڭ سۈرىيەدە جەننەتكە كىرىسەن دەپ گوللاپ
ئۆتتۈ كۆنۈم سۈرىيەدە قىسقا ئۇزۇن چەللەپ
ئۇختۇق بۇ ئويۇننى خىتايمۇ ئۇ يەردە بىزنى جايلاپ
بىرىپتۇ خىتاي پۇلنى روس، ئىرانغا ئۇردى بىزنى قوغلاپ
خىتاينىڭ قولى بىلەن روس، ئىرانمۇ بىزنى ئوۋلاپ
بىھۇدە ئۆلۈپ كەتتۇق بىر ئەخمەق بىلەن بولۇپ
ئاھ بىزدەك ئەخمەق مىللەت بۇ دۇنيادا بارمىكەن
ئىلاھىم بىز مىللەتكە ھىدايەت بەرمىسەڭ ئۆلۈپ تۈگەركەن



## نالىزار كۆپتۇر

تۆركىيەدە قورقاق خىيالپەرەس كۆپتۇر
ۋەتەندە ۋەتەنسىزلىكتىن نالىزار كۆپتۇر
تۆركىيەدە ۋەتەنداش ۋەتەنسىز كۆپتۇر
ھىچ پەرقىغا بارمىغان قاپاقباش كۆپتۇر

ۋەتەندە ئىسىل ئىنسانلار زىندانلاردا كۆپتۇر
تۆركىيەدە ۋىجدانسىز خائىنلار كۆپتۇر
ۋەتەندە سېتىلما خائىنلار كۆپتۇر
ۋەتەندە بىگۇناھ كېسىلىپ ئۆلگەن كۆپتۇر

تۆركىيەدە ۋەتەن ئۈچۈن ئىش قىلماي
قاراپ تۇرغان تەھلىلچىلەر كۆپتۇر
دۇنيادا بىغەم ئۇيغۇرلار كۆپتۇر
ۋەتەن مىللەت دىن ئۈچۈن خىزمەت يوقتۇر

# دوستلارغا تەۋسىيە

دوستلار ئاڭلاڭلار بۇ شېئىرىمنىڭ ئۆزىنى
دىنىي ئالىم قىلسا شەرىئەتتىن سۆزىنى
ئاچچىقى كىلەر بەزىلەر ئالايتىپ كۆزىنى
ئاخىرەتتە ئاللاھ ئالدىدا قارا يۈزىنى

ۋەتەن مىللەت يولىدا گەر بولسا نۇسرەت نىسىپ
ئاللاھ ئەمرىگە باغلانمىسا كىلەر دۈشمەن بېسىپ
خىتايلار ئېلىۋېرىدۇ سىنى باغلاپ ئېسىپ
ئاللاھنى ئۇنۇتساڭ ياتىسەن زىنداندا سېسىپ
قېلىۋېرىسەن ئاسارەتتە بويۇن قىسىپ



# ئەگەر بىلىم بولسا

ۋەتەن مىللەت مەرپەت كۆرەش ئىشى
بولمايدۇ مۇمكىن ئىلىمسىز بىلىمسىز كىشى
ھەرۋاقىت ئىلىم بولغاي بىلىم بېشى
بولىدۇ ئازادلىق ئىلىم بىلەن لىدىر پىشى

ۋەتەن مىللەت كۆرەش ھەقنىڭ ئىشى
ئاللاھنىڭ ئەمرى بولمىسا يا قەھرى
لەنەتلەيدۇ خەلقمۇ تۆكۈرۈپ ساقىلى
بولۇمسىزنىڭ قىلغان ئىشى يوقتۇر قەدرى

بولۇمسىز مۇسۇلمانلار چىقتى يولدى
ئازدۇردى شەيتان بىرلا سۆزدىن
بەردى قويدى دىن ـ دىيانەتنى قولدىن
بولۇمسىزلىكى ئۆزىنىڭ بار ـ يوقى گولدىن

ئەگەر بىلگەن بولسا ھەرقانداق ئىلىمدىن
توساتتى ئۇنى ھەرتۈرلۈك خاتا يولدىن
ئۇرساڭمۇ بېشىڭنى تاشقا يانالماسسەن يولدىن
بولىدۇڭ سەۋەپ مىڭلارچە ياش ئۆلشىدىن

ئۆزۈڭنى بىلىملىك باشقىلارنى مۇرتەد دىدىڭ
خۇدا ئۇرغان مىللەتتۇق چالىسىنى سەن ئۇردۇڭ

قاراندەك ياشلارنى سۈرىيەگە يوللىدىك
نادان بولۇمسىزلىكتىن ئازدۇرۇپ گوللىدىك

بولۇمسىزلىك چىقتى خەلقىنىڭ بېشىغا
باشلىدى سوقۇپ خاتا ئۇرۇشقا
ئۆلتۈرە ـ ئۆلتۈرە ختاي سەۋەبىدىن قېچىشقا
بولۇمسىزلار پايدىلاندى پۇل تېپىشقا

كەلسە قېچىپ تۈركىيەدە قويماي
خاتا يولغا باشلىدى ھەقنى بۆلمەي
ئۇيغۇرۇمنىڭ دۈشمىنى ئەسلى ختاي
كەلسە قېچىپ تۈركىيەدە قويماي
ختاينى قويۇپ سۈرىيە ئۇرىشىنى قىلغاي
مۇسۇلماننى مۇسۇلمانغا سېلىپ ئوينسا
قانداق ئەقىل بۇ دوست ـ دۈشمەننى تونۇماي



## تاقالدى ئىشىك

كىتەلمەيمەن ۋەتەنگە ئىشىك تاقالدى
كەتكەنلەرنى ساقلاركەن كىلىپ ئالداتتى
دوستلارغا ئىشەندۇق يوقلاپ قويمىدى
تۆگمەس خىيالىم دەرمان قالمىدى

كىم دىمىشكى قان ـ قېرىنداش ئۇنۇتماس
ئۇنۇتتى قان ـ قېرىنداش تۇرۇپ تونىماس
ئاقتى قان ۋەتەندە بىرسى تۇر دىيەلمەس
قورقاقمۇ يا رەئىس ۋەدىدە تۇرماس



# بەدەل

جەننەتكىمۇ بەدەلسىز كىرەلمەس
ۋەتەنمۇ بەدەلسىز ئازات بولماس
قەھرىمان يوق بەدەلسىز
قان جان بىلەن بولۇر ئىستىقلاللىمىز
خىيالپەرەسلەرگە قاراپ ھاڭ ـ تاڭ قالىمىز
كۆرەش قىلماي ئايغا چىقىپ سىركە ساتىمىز



## (ناخشا) پوچىلار

كۆرىمەن ھەر يەردىلا پوچىلارنى
ئۆزىنى ماختانچاق لىدەرنى
راستنى دىمەك لىدەرگە تەس
موللا قارىسىغا توغرا كۆتۈنمەك تەس

ھەممىدىن ئۇ لىدەرگە تەس
ئەمەس كەسكىن لىدەرگە تەس
يا قارار يا دىپلومات ئەمەس
قىسقىسى ئۇيغۇرغا لىدەرلىك تەس



## (غەزەل) ئەي ۋەتەن

ئەي ۋەتەن تۆگمەس قەرىز بويىنىمىزدا
قان بىلەن يۇيۇپ ئالىمىز ئادا
چىكىنىش يوق جېنىمىز پىدا
ئالدانماق يوق قان قىساس ئالدىدا



## دادام سورايدۇ

يولىلىدىك مىنى دادا بىكارغا زورلىما
بولسىمەن ئۆزۈڭ ئىستانبۇل شەھرىنى
ئۇزاقتا كۆرسەڭ جامى مۇنارىنى
زەپ قاملاشقان گۈزەل مىمارىنى

سورىساڭ ئۇلارنى دادا بايراق قولىدا
خەلقنى سورىساڭ پۇلنىڭ كويىدا
سورساڭ ئانى قۇرۇق خىيالدا
ئۇ بىرنى سورساڭ گىزىت قولىدا

ئۇلارنى سوردۇڭ ھەقنى سۆزلەش يولىدا
سورايسەن تاغ بالىسنى زامان يوق ئۇيقۇدا
دادا بەزىلەر سورايدۇ زامان زادى كىمدە
دۇشمەندىمۇ يا سەندىمۇ بۇ زاماندا



# ھەجەپ كۆپ

ۋەتەندە تىرىك تۇرۇپ ئۆلۈك كۆپ
تۈركىيەدە ئۆلۈك تۇرۇپ تىرىك كۆپ
بىر ـ بىرىنى كەمسىتىپ ئىشەنمەسلىك كۆپ
بۇ مىللەتتە مەنمەنلىكتەك رەزىللىك كۆپ

قارشى چىقار ۋەتەندە ئىنقىلاب كۆپ
چەتئەلدە نامايىشتا پو ئاتىدىغان كۆپ
ئاز ئىش قىلىپ كۆرەڭلەيدىغان كۆپ
لىدىر ـ لىدىرنى مەسخىرە قىلىدىغان كۆپ

تۈركىيەدە نادان ئادەملەر كۆپ
ئۈمۈدسىز خىيال ئەنسىز كۆپ
ۋەتەن ھەسرىتىنى ئويلايدىغان كۆپ
قورساق تويسىلا غەمسىز كۆپ
لىدەر ـ لىدەرنى چۈشەنمەيدىغان كۆپ
چاقىرسا لىدەر قاچىدىغان كۆپ
بەرگەيسەن ئىلاھىم بىزگە ئەقىل ساپ

# ئەي زالىم خىتاي

ئەي زالىم خىتاي ئانا يۇرتىمىز سەندە
ئالمىغۇچە سەندىن ئارام يوق بىزدە
تىكىپ قويدۇق جېنىمىزنى تۈزۈپ ئەھدە
بولسەن تۇغۇلغانغا پۇشايمان ئەمدە



## ئۇيغۇر ئاۋازى

